# 112004 ـ دۇئادىن كېيىن ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاش توغرىسىدا

**سۇئال**

ئەگەر بىر كىشى ئاللاھقا دۇئا قىلسا، دۇئادىن كېيىن يۈزىنى سىلامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر.

بەندىنىڭ، پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سورىشى شەرىئەتتە يولغاقۇيۇلغان بەلكى تەرغىب قىلىنغان ئىبادەتتۇر. ئاللاھقا يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرۈش ھەم يولغا قويۇلغاندۇر. ئەمما دۇئادىن كېيىن ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىلاش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەر زەئىپ ھەدىسلەردۇر.

مۇھەممەد ئىبنى كەئەب ئەلقۇرەزي، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سەن ئاللاھقا دۇئا قىلغان ۋاقتىڭدا ئالقانلىرىڭنىڭ ئارقا تەرەپلىرى بىلەن ئەمەس، ئالدى تەرەپلىرى بىلەن دۇئا قىلغىن، دۇئادىن پارىغ بولغان ۋاقتىڭدا ئالقىنىڭ بىلەن يۈزۈڭنى سىلىغىن. [بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىنىڭ ئىچىدىكى سالىھ ئىبنى ھەسسان دىگەن كىشى ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئۈلچىمىگە توشمىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى مۇئەين، ئەبۇ ھاتەم ۋە دارى قۇتنى قاتارلىق ئالىملار زەئىپ ھەدىس دەپ قارىدى. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ئىنكار قىلىنغان ھەدىس دىدى. ئەبۇ نۇئەيم ئەل ئەسبەھانى بۇ ھەدىس ئىنكار قىلىنىدىغان ۋە ئەمەل قىلىنمايدىغان ھەدىس دىدى. ئىبنى ھەببان بۇ كىشىنىڭ زەئىپ ھەدىسلەرنى بايان قىلىدىغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ. ئىبنى جەۋزى بۇ ھەدىس توغرىسىدا، مەزكۇر ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىنىڭ ئارىسىدا سالىھ ئىبنى ھەسساننىڭ بولىشى سەۋەبلىك بۇ ھەدىس ساغلام ئەمەس دەپ قارايدۇ].

تىرمىزي ئۆزنىڭ "سۇنەن" ناملىق ئەسىرىدە ئۈمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ۋاقتىدا، ئۇ ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلىمىغۇچە قولىنى چۈشۈرمەيتتى. ئەبۇ ئىسا بۇ ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشەنچىلىك راۋىيلار ئىچىدە ھاممادى ئىبنى ئىسادەك ئۇ بايان قىلغان ھەدىسلىرىنى ئىلىشقا بولمايدىغان كىشىلەرمۇ مەۋجۇد. شۇنداقلا بۇ ھەدىسنى يالغۇز تىرمىزىلا رىۋايەت قىلغان".

دۇئا قىلىش شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ئىبادەت بولۇپ، دۇئادىن كېيىن ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاش توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئاغزاكى ياكى ئەمەلي كۆرسەتمىلەر سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن بايان قىلىنمىغان، بەلكى دۇئادىن كېيىن

ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاش توغرىسىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەر زەئىپ رىۋايەتلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ مەسىلىدە دۇئادىن كېيىن يۈزنى سىلاش بايان قىلىنمىغان توغرا ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىپ، دۇئادىن كېيىن يۈزنى سىلاشنى تەرك ئېتىش ئەۋزەلدۇر.

ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتۋا تەشۋىقات كومىتېتى ئەزالىرىدىن: پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز،پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇررازاق ئەفيفي، پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى قەئۇد.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتۋا تەشۋىقات كومىتېتى پەتۋاسى (24 /215).